ۋەهیی پەرشتسی

# جبرئل

## ئەلەیهسسالام



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

ئاللاھ پەرىشتىلەرنى نۇردىن ياراتقان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن ۋەزىپىسى بار. ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قەتئىي خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئۇلارنىڭ سانىنى بىلمەيدۇ.



جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پۈتۈن پەرىشتىلەرنىڭ رەھبىرى. ئاللاھ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان.



جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھىرا غارىدا نازىل قىلغان.



جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام «ئىسرا ۋە مىئراج» سەپىرىدە پەيغەمبىرىمىزگە ھەمراھ بولغان، ئۇنىڭ بىلەن پەلەستىندىكى مەسچىتى ئەقساغا بارغان ۋە يەتتىنچى قەۋەت ئاسمانغا چىققان.



ئۇ يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا يولۇچى قىياپىتىدە كېلىپ ئىسلام، ئىمان، ئېھسان ھەققىدە سوئاللارنى سورىغان.



ئۇ تىزنى پەيغەمبەرىمىزنىڭ تىزىغا يۆلەپ، قولىنى يوتىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرۇپ: «ئى مۇھەممەد، ماڭا ئىماندىن خەۋەر بەرگىن؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبىرىمىز: «ئىمان دېگىنىمىز ـ ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە ياخشى ـ يامان تەقدىرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر» دەپ جاۋاپ بەرگەن.



ئۇ: «راست ئېيتتىڭ» دەپ پەيغەمبىرىمىزنى تەستىقلىغان. ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزدىن ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىغاندا، پەيغەمبىرىمىز: «ئۇ جىبرىئىل بولۇپ، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى» دەپ جاۋاپ بەرگەن.



## پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى:

پەرىشتىلەر ئاللاھ ياخشى كۆرگەن كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ.

پەرىشتىلەر مۇسۇلماننى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن شەيتانلاردىن ۋە باشقا زىيان - زەخمەتلەردىن قوغدايدۇ.

ھەربىر ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ياخشى ئەمەللىرىنى خاتىرىلەيدىغان، سول تەرىپىدە يامان ئەمەللىرىنى خاتىرىلەيدىغان بىردىن پەرىشتە بولىدۇ.




ئۆگەنگەنلىرىمىز:
جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋەھيى پەرىشتىسى.
پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان مەخلۇق.
ئاسمان - زېمىندا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان سانسىز پەرىشتىلەر بار.